# شى جىنپىڭ جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچى، ئىش بولسا كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىپ بېجىرىدى. ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەمكارلىشىشتا قوشۇمچە سىياسىي شەرت قويمىدى، چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق كېڭىشىپ، ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىگە ئېتىبار بەردى.

ئىككىنچى، ھەمكارلاشقۇچى تەرەپنىڭ ھەممىسى ھوسۇلغا ئېرىشتى. دىققەتنى ئەمەلىي ھەمكارلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەمكارلىقنىڭ تەڭپۇڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىساد بىلەن ئادەمىيەتنى بىرىكتۈرۈشتە، سودا بىلەن مەبلەغ سېلىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇردى. توققۇز يىل ئىلگىرىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودا سوممىسى 85%كە يېقىن ئاشتى، قوش يۆنىلىشلىك ساياھەتتە بېرىش ـ كېلىش قىلغان ئادەم سانى تۆت ھەسسىگە يېقىن ئاشتى، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى كۆپ قىسىم ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى قاپلىدى، زور بىر تۈركۈم ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ نەتىجىلىرى كىشىنى خۇشال قىلدى.

ئۈچىنچى، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇش داۋامىدا ئورتاق تەرەققىي قىلدى. ئۆزئارا ئۆگىنىپ ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىدى. كېڭىشىش، ھەمكارلىشىش ئارقىلىق پەرقلەرنى تۈگىتىش، ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىدىغان خەلقئارا قائىدىگە ئەمەل قىلىپ، بازار پىرىنسىپىغا ئۈيدۈنلىشىپ، باشقا دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ پائال قاتنىشىشىنى قارشى ئېلىپ، ئورتاق پايدا ئېلىش، كۆپ تەرەپ پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

تۆتىنچى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلدى. باشلامچىلىق بىلەن رايون ھالقىغان ھەمكارلىقنى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزدەندى، باشلامچىلىق بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول» ھەمكارلىق كېلىشىمنى رايوندا تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىز خىرىسقا تولغان دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. مىسلىسىز خىرىسقا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مىسلىسىز ئىتتىپاقلىشىشى، ھەمكارلىششى ئارقىلىق ئورتاق تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شى جىنپىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىقى، تەرەققىياتى توغرىسىدا تۆت تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، يۇقۇم خىرىسىغا بىۋاستە يۈزلىنىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىدىغان ھەمكارلىق ئىشەنچىنى چىڭىتىش كېرەك. بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش ۋە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى تېبابەت ـ دورىگەرلىك ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، سەھىيە ـ داۋالاش ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جۇڭگو ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ۋاكسىنا ھەمكارلىق ئېھتىياجىنى پائال ئويلىشىشنى خالايدۇ. سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، خادىملارنىڭ بېرىش ـ كېلىشىنى پۇختا، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك.

ئىككىنچى، دىققەتنى ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلەشمە ھەرىكەتلەندۈرىدىغان تەرەققىياتتىكى ھەمكارلىق تومۇرىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. يۇغۇرۇلۇش ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قول تۇتۇشۇپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇپ، ۋېنگرىيە ـ سېربىيە تۆمۈريولى قاتارلىق چوڭ تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق قوللاش كېرەك. تاموژنا سودا بىخەتەرلىكى ۋە تاموژنىدىن ئۆتۈشنى قولايلاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئاقىل تاموژنا، ئەقلىي ئىقتىدارلىق چېگرا، ئەقلىي بەھرىمەن بولىدىغان تۇتاشتۇرۇش» ھەمكارلىقىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەمەلىيەتچىل بولۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەمكارلىق نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدا ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن قىممىتى جەمئىي 170 مىليارد دوللاردىن ئاشىدىغان تاۋار ئىمپورت قىلىشنى پىلانلىدى. ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىنى جۇڭگوغا كىرگۈزۈش ئىجازىتى مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، كەلگۈسى بەش يىلدا جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىش سوممىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش، ئىككى تەرەپنىڭ يېزا ئىگىلىك سودا سوممىسىنى 50% ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ھەمكارلىشىپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. نىڭبو، ساخجۇ قاتارلىق جايلاردىكى جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىق ئۈلگە رايونى، كەسپلەر باغچە رايونى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىدۇ. ئادەمىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى پۇرسەت بىلىپ، تەنتەربىيە ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

تۆتىنچى، يېشىل تەرەققىياتنى كۆزلەپ، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن ھەمكارلىق ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بەرپا قىلىش كېرەك. كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، 2021 ـ يىلدىكى «جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقىنىڭ يېشىل تەرەققىياتى ۋە مۇھىت قوغداش يىلى»نى پۇرسەت بىلىپ، يېشىل ئىقتىساد، پاكىز ئېنېرگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىق تەتقىقات مەركىزى قۇرۇش، جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ياش پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى مۇنبىرى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، رەقەملىك ئىقتىساد، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، ساغلاملىق كەسپى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىدۇ. جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى ھەمكارلىق سۆزلىشىش مېخانىزمى ۋە جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئاممىۋى ساغلاملىق كەسپلەر ئىتتىپاقى قۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئىككى تەرەپلىك، كۆپ تەرەپلىك ۋە رايون ھەمكارلىقىغا تېخىمۇ پائال قاتنىشىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. جۇڭگونىڭ سىجىل تەرەققىياتى ۋە ئېچىۋېتىشى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشى ۋە ئېشىشىغا قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشىدۇ، شۇنداقلا جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ بوشلۇق ئاچىدۇ. جۇڭگو ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن يېڭى ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى ئۇلۇغۋار پىلاننى تۈزۈپ، ھەمكارلىق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، قول تۇتۇشۇپ ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدۇ.

يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەر ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى — جۇڭگو ھەمكارلىقىنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاكتىپ باھا بېرىپ، بۇ مۇھىم رايون ھالقىغان ھەمكارلىق مېخانىزمى ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا ياۋروپا ـ جۇڭگو ھەمكارلىقىنى كېڭەيتتى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى، دەپ قارىدى. ھازىر يۇقۇم سىجىل يامراۋاتقان، دۇنيا ئىقتىسادى چېكىنىشكە چۈشۈپ قېلىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىشى ھەم رىياسەتچىلىك قىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور بولۇپ، ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى — جۇڭگو ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى مۇھىم ئابىدىسىگە ئايلىنىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەر بۇ ھەمكارلىققا داۋاملىق قاتنىشىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ قايتا جانلىنىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، تۈرلۈك يەر شارىۋى خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەر جۇڭگو تەرەپنىڭ خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى ئۈچۈن قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى، بولۇپمۇ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو ۋاكسىنىسىنى يەر شارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىمىز دەپ بەرگەن ۋەدىسىنى ئالقىشلاپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا ۋە ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى.

ھەرقايسى تەرەپلەر رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ئەمەلىيەتچىل ھەمكارلىق تەشەببۇسىنى قۇۋۋەتلەپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى پائال ئورتاق قۇرۇپ، جۇڭگوغا قارىتىلغان تاۋار ئېكسپورتىنى كېڭەيتىشنى خالايدۇ، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ كېلىپ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىدۇ، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىساد، يېشىل تەرەققىيات قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، خادىملارنىڭ بېرىش ـ كېلىشىگە قولايلىق يارىتىپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەمكارلىقتا تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ كۆپ بەخت يارىتىدۇ.

ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بەس ـ بەستە جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغىنىنى تەبرىكلىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغىنىنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىگە، كالا يىلىنىڭ قۇتلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

ئاۋستىرىيە، بېلارۇسىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى، شۋېيتسارىيە ۋە ياۋروپا گوللاندۇرۇش تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىق كۆزەتكۈچى ۋەكىللەر باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشتى.

باشلىقلار يىغىنىدا «2021 ـ يىللىق جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى بېيجىڭ پائالىيەت پىلانى» ۋە «جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجە تىزىملىكى» ئېلان قىلىندى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جياڭ شۇشېڭ، ساڭ گوۋېي، ۋاڭ شېڭجۈن، چېن چاڭجى، يەن جۈنچى، جاڭ پىڭ، شياڭبا پىڭسو، جاڭ باۋۋېن، تاڭ جياشۈەن، لياڭ گۇاڭلىي، دەي بىڭگو، چاڭ ۋەنچۈەن، خەن جۈبىن، جيا چۈنۋاڭ، رېن جيەنشىن، سۇڭ جيەن، چيەن جېڭيىڭ، خۇ چىلى، ۋاڭ جۈڭيۈ، لى گۈيشيەن، جاڭ سىچىڭ، جاڭ كېخۇي، خاۋ جيەنشيۇ، شۇ كۇاڭدى، جاڭ خۇەيشى، لى مېڭ، لياۋ خۇي، بەي لىچېن، چېن كۈيىۋەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، لى جاۋجو، خۇاڭ مېڭفۇ، جاڭ مېيىڭ، جاڭ رۇڭمىڭ، چيەن يۈنلۇ، سۈن جياجېڭ، لى جىنخۇا، جېڭ ۋەنتۇڭ، دىڭ يۇفاڭ، لى ۋۇۋېي، چېن زۇڭشىڭ، ۋاڭ جىجېن، خەن چىدې، لىن ۋېنيى، لو فۇخې، لى خەيفېڭ، چېن يۈەن، جوۋ شياۋچۈەن، ۋاڭ جيارۇي، چى شۈچۈن، ما پېيخۇا، ليۇ شياۋفېڭ، ۋاڭ چىنمىن قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلاردىن تېلېفون قاتارلىق شەكىللەردە ھال سورىدى ياكى ئالاقىدار تەرەپلەردىكى مەسئۇل يولداشلارغا ھال سوراشنى ھاۋالە قىلدى، پېشقەدەم يولداشلارغا بايراملىق سەممىي سالام يوللىدى، چىن كۆڭلىدىن پېشقەدەم يولداشلارنىڭ چاغنىنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىنى، تېنىنىڭ سالامەت، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلىدى.

پېشقەدەم يولداشلار بۇنىڭغا رەھمەتنى بىلدۈردى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىلدا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇرغانلىقىغا يۈكسەك باھا بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پېشقەدەم يولداشلار پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى ئۈمىد قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلارغا، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان بارلىق كادىرلارغا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە ئۇنى قوللاۋاتقان بارلىق دوستلارغا چاغانلىق بەخت ۋە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدى.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: 2021 ـ يىلى «14 ـ بەش يىل» باشلانغان يىل، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيلى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىر يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلدى، جاپالىق تىرىشىشتىن كەلدى، بۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يول باشلاپ رولچى بولغانلىقىنىڭ پايدىسىدىن، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىنىڭ پايدىسىدىن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ پايدىسىدىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ پايدىسىدىن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ پايدىسىدىن بولغان.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: يېڭى بىر يىلدا، بىز شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك.

ليۇ ۋەنلۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۈەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى، ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى بازىسىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئۈرۈمچىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلار، بىر قىسىم پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى ھەمدە ھەر ساھە ۋەكىللىرى ۋە نەمۇنىچىلەر كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنىغا قاتناشتى.

كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنىدا، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلىدى.